# بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا پىتىر زاكىتىنى كۈندۈلۈك يېمەكلىكىمىزدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا، قۇرۇتتىن بىر سا ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن بىر سا بىرەتتۇق. مۇئاۋىيەنىڭ زامانىدا شامنىڭ بۇغدايلىرى كېلىۋېدى، ئۇ دېدىكى: بۇنىڭدىن بىر ئۇۋۇچى ئۇنىڭدىن ئىككى ئۇۋۇچقا تەڭ كېلىدۇ، دەپ قارايمەن دېدى

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا پىترە سەدىقىسىنى كۈندىلىك يېمەكلىكىمىزدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا، قۇرۇتتىن بىر سا، ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن بىر سا بېرەتتۇق. مۇئاۋىيەنىڭ زامانىدا شامنىڭ بۇغدايلىرى كېلىۋېدى، ئۇ: بۇنىڭدىن بىر ئۇۋۇچى ئۇنىڭ ئىككى ئۇۋۇچىغا تەڭ كېلىدۇ، دەپ قارايمەن، دېدى. ئەبۇ سەئىد، ئەمما مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قانداق بەرگەن بولسام ئاشۇنداق داۋاملاشتۇرىۋاتىمەن، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بايان قىلىدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا پىترە سەدىقىسىنى يېمەكلىكتىن بىر سا بېرىدىكەن، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇپ مەدىنىگە كەلگەندە، مەن شام بۇغدىيىدىن يېرىم سا مىقدارىنىڭ باشقا نەرسىلەردىن بىر ساغا تەڭ كېلىدۇ دەپ قارايمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلدى، ئەمما ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قاراشنى ئىنكار قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى ئەلا بىلىش، ۋە بۇ سەدىقە بىلەن كۆزلەنگەن بىھاجەتلىك ھاسىل بولىشى ئۈچۈن، بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بەرگەندەكلام ھەرقانداق يېمەكلىكتىن بىر سا بېرىشنى چىڭ تۇتتى